بسم الله الرحمن الرحيم

ئىسلام ئاۋازى

32- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

### ئىماننىڭ تۆتىنچى رۇكنى: پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنىڭغا جەزمەن ئىمان كەلتۈرىدۇكى، الله تعالى ئۆز بەندىلىرىگە مەخلۇقاتلار ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل جەۋھەر بەندىلەردىن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار — خۇشخەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ھەمدە ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن دەۋەت قىلغۇچى كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ دەۋىتىنىڭ مەقسىتى — بارچە ئۇممەتلەرنى شېرىكتىن ۋە بۇتپەرەسلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەمدە بارلىق جەمئىيەتلەرنى بۇزۇقچىلىق ۋە چۈشكۈنلۈكتىن تازىلاشتۇر. ئۇلار ئەلچىلىكنى يەتكۈزدى، ئامانەتنى ئادا قىلدى، ئۆز ئۇممەتلىرىگە سەمىمىي-سادىق بولدى ۋە الله يولىدا ھەقىقىي رەۋىشتە جىھاد قىلدى. ئۇلار ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈشتە خاتالىقتىن پاك بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سەمىمىي راستچىللىقىغا دەلىل بولىدىغان نۇرغۇن پاكىتلارنى ئېلىپ كەلدى.

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە پەيغەمبەرلەردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەي ئىمان كەلتۈرىدۇ. كىمكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىگە كاپىر بولىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ كىشى الله قا ۋە ھەممە پەيغەمبەرلەرگە كاپىر بولغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَكْفُرُونَ بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيُرِيدُونَ أَنْ يُفَرِّقُوا بَيْنَ اللَّهِ وَرُسُلِهِ وَيَقُولُونَ نُؤْمِنُ بِبَعْضٍ وَنَكْفُرُ بِبَعْضٍ وَيُرِيدُونَ أَنْ يَتَّخِذُوا بَيْنَ ذَلِكَ سَبِيلًا ۞ أُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُونَ حَقًّا وَأَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُهِينًا ۞ وَالَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ وَلَمْ يُفَرِّقُوا بَيْنَ أَحَدٍ مِنْهُمْ أُولَئِكَ سَوْفَ يُؤْتِيهِمْ أُجُورَهُمْ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا ۞﴾ «شۈبھىسىزكى، الله نى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلار، الله بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى (الله قا ئىشىنىپ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشەنمەيمىز دېيىش بىلەن) ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغانلار، (پەيغەمبەرلەرنىڭ) بەزىسىگە ئىشىنىمىز، بەزىسىگە ئىشەنمەيمىز دېگۈچىلەر — ئۇنىڭ (يەنى ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ) ئارىسىدا (ئوتتۇرا) يول تۇتماقچى بولغانلاردۇر [150]. ئەنە شۇلار (ئىماننى دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ) راستىنلا كاپىرلاردۇر، كاپىرلارغا خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدۇق [151]. الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقان، ئۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ ئارىسىنى ئاجرىتىۋەتمىگەن (يەنى ھەممىسىگە ئىمان ئېيتقان) كىشىلەرگە الله ئۇلارنىڭ (تېگىشلىك) ئەجىرلىرىنى ئاتا قىلىدۇ، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [152]» (سۈرە نىسا 150- ئايەتتىن 152- ئايەتكىچە).

الله تعالى ئۆزىنىڭ كىتابىدا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشىنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿رُسُلًا مُبَشِّرِينَ وَمُنْذِرِينَ لِئَلَّا يَكُونَ لِلنَّاسِ عَلَى اللَّهِ حُجَّةٌ بَعْدَ الرُّسُلِ وَكَانَ اللَّهُ عَزِيزًا حَكِيمًا﴾ «ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن الله نىڭ ئالدىدا كىشىلەر (يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر)گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (سۈرە نىسا 165- ئايەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ أَنْتُمْ بِالْعُدْوَةِ الدُّنْيَا وَهُمْ بِالْعُدْوَةِ الْقُصْوَى وَالرَّكْبُ أَسْفَلَ مِنْكُمْ وَلَوْ تَوَاعَدْتُمْ لَاخْتَلَفْتُمْ فِي الْمِيعَادِ وَلَكِنْ لِيَقْضِيَ اللَّهُ أَمْرًا كَانَ مَفْعُولًا لِيَهْلِكَ مَنْ هَلَكَ عَنْ بَيِّنَةٍ وَيَحْيَا مَنْ حَيَّ عَنْ بَيِّنَةٍ وَإِنَّ اللَّهَ لَسَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، ئۇلار ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يىراق تەرىپىدە ئىدى، (قۇرەيشنىڭ) سودا كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋىنىڭلاردا ئىدى. (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار لېكىن الله بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن (سىلەرنى بەدردە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى). الله نىڭ مۇنداق قىلىشى ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى. الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئەلۋەتتە ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (سۈرە ئەنفال 42- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەت ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «جەڭ — ئىككى گۇرۇھنىڭ جايلاشقان ئورنىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرمەكتە شۇنداقلا جەڭ مەيدانىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ئىلاھىي پىلانغا شاھىد بولماقتا... گوياكى الله نىڭ قولى كۆرۈنگىلى ئاز قالغاندەك، الله نىڭ قولى بۇ گۇرۇھنى بۇ يەردە توختاتسا، ئۇ گۇرۇھنى ئۇ يەردە توختاتقان؛ قۇرەيشنىڭ كارۋىنى يىراقتا تۇرۇۋاتقان بۇ مەنزىرىلەرنى ۋە بۇ مەنزىرىلەرنىڭ ئارقىسىدىكى ئىشلارنى بۇ خىل جانلىق ئۇسلۇبتا ۋە بۇ خىل روشەن ھەرىكەت بىلەن يورۇتۇپ بېرىشكە قۇرئاننىڭ تەڭداشسىز بايان قىلىش ئۇسلۇبىدىن باشقا ھېچنەرسە قادىر بولالمايدۇ. قۇرئان تېكىستلىرى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەن مەنزىرىلەر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مۇسۇلمانلار مەدىنىدىن چىقىپ مەدىنىگە يېقىن بىر جىلغىنىڭ قىرغىقىغا چۈشكەن، ئەبۇ جەھىل قوماندانلىقىدىكى مۇشرىكلار قوشۇنى بولسا مەدىنىگە يىراق بولغان قىرغاققا چۈشكەن. ئىككى گۇرۇھنىڭ ئارىسىدا بىر دۆڭلۈك بولۇپ، ئۇ — ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇراتتى ئەمما كارۋانغا كەلسەك، ئەبۇ سۇفيان ئۇنى ئىككى گۇرۇھنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى سەيفۇلبەھرى دېگەن جايغا ئېلىپ كەتتى. ھەر گۇرۇھ يەنە بىر گۇرۇھنىڭ جايلاشقان جۇغراپىيىلىك ئورنىنى بىلمەيتتى. پەقەت بۇ ئىككى گۇرۇھنى الله تعالى ھېلىقى دۆڭلۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆزى ئىرادە قىلغان بىر پىلان ئۈچۈن جەملىدى. ئەگەر ئۇ ئىككىسى روبىرو ئۇچرىشىشنى ئالدىن كېلىشىۋالغان بولسا ئىدى ھەرگىزمۇ ماكان ۋە زامان جەھەتتىن بۇ خىل ئىنچىكىلىك ۋە پۇختىلىق بىلەن جەملەشمىگەن بولاتتى. مانا بۇ — دەل الله تعالى مۇئمىنلەر گۇرۇھىغا ئەسلەتمەكچى بولغان نەرسە، يەنى الله ئۇلارغا ئۆزىنىڭ تەدبىر، تەقدىر ۋە پىلانىنى ئەسلەتمەكچى: <ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، ئۇلار ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يىراق تەرىپىدە ئىدى. (قۇرەيشنىڭ) سودا كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋىنىڭلاردا ئىدى. (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار لېكىن الله بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن (سىلەرنى بەدردە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى).> چۈنكى بۇ خىل ۋەدىسىز ئۇچرىشىشنىڭ ئارقىسىغا الله تعالى رېئال دۇنيادا ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىرادە قىلىۋاتقان ۋە ئالدىن تەقدىر قىلىنغان بىر ئىش يوشۇرۇنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن الله تعالى ئىنچىكە، مەخپىي بىر تەدبىرنى پىلانلىغان. الله سىلەرنى بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاسىتىلىرىگە ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئىجرا قىلىشىڭلارغا قولاي بولغان ھەممە شارائىتلارنى ھازىرلاۋاتىدۇ ئەمما الله نىڭ بۇ شارائىتلارنى ھازىرلاشتا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنغان پىلانى بولسا مانا بۇ: <الله نىڭ مۇنداق قىلىشى ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى...>

قۇرئان <ھالاك بولۇش> دېگەن كەلىمە ئارقىلىق كۇفرىنى ئىپادىلىمەكچى، شۇنىڭغا ئوخشاش <ياشاش> كەلىمىسى ئارقىلىق ئىماننى ئىپادىلىمەكچى. الله تعالى بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: <ئەسلىدە ئۆلۈك (يەنى كاپىر) بولۇپ، بىز ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، بىز ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا ھىدايەت تېپىشقا نۇر بەرگەن بىر ئادەم زۇلمەتتە (يەنى كۇفرىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا) قالغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان بىر ئادەم بىلەن ئوخشاشمۇ؟> (سۈرە ئەنئام 122- ئايەتنىڭ بىر قىسمى). دېمەك، كۇفرىنى ئۆلۈم بىلەن، ئىماننى تىرىكلىك بىلەن ئىپادىلىدى. مانا بۇ مەنىنى كۈچلەندۈرۈشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بەدر كۈنى خۇددى الله ئېيتقانىدەك <فۇرقان كۈنى> (يەنى چوڭ ئايرىش كۈنى) بولغان ئىدى چۈنكى الله تعالى ئۇ كۈندە ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىغان ئىدى. شۇ كۈندىن كېيىن كاپىر بولغانلار شۈبھىسىز ھالدا پاكىتنى كۆرۈپ كاپىر بولىدۇ (يەنى ھالاك بولىدۇ). ئىمان كەلتۈرگەنلەرمۇ جەڭ سەۋەبلىك ئوچۇق بولغان پاكىتنى كۆرۈپ ئىمان كەلتۈرىدۇ (يەنى تىرىلىدۇ). بۇ جەڭ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، بۇ دىنىنىڭ بىر رەببىسى بولۇپ، ئۇ شۇ دىنىنىڭ ئىگىلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ ۋە ياردەم قىلىدۇ لېكىن بۇ خىل ياردەمگە ئېرىشىشنىڭ شەرتى بولسا ھەر قانداق ئەمەلنى الله ئۈچۈن خالىس قىلىش، الله يولىدا جىھاد قىلىش، سەۋر قىلىش ۋە مۇستەھكەم تۇرۇشتىن ئىبارەت. يەنە بۇ جەڭ شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، ئەگەر غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەت ماددى كۈچ-قۇۋۋەتكىلا قاراشلىق بولغان بولسا ئىدى ھەرگىزمۇ مۇشرىكلار مەغلۇپ بولمىغان ۋە مۇئمىن گۇرۇھ بۇ دەرىجىدە غەلىبە قىلمىغان بولاتتى. ھەقىقەتەن جەڭنىڭ ھەق ئەسكەرلىرى بىلەن باتىل ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىشى ۋە ھەقنىڭ روھىيەت دۇنياسىدا ئۈستۈنلۈك قازانغاندىن كېيىن رېئاللىق ئالەمدە ئۈستۈنلۈك قازىنىشى دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆزلەرگە ۋە قەلبلەرگە ھەقىقەتنى ئوچۇق ئىسپاتلاپ بېرىشكە ھەمدە ئەقىل ۋە كۆڭۈللەردىن شۈبھىنى يوق قىلىشقا ياردەمچى بولغان سەۋەبلەردىندۇر چۈنكى بۇ فەتىھ ۋە غەلىبىلەر ئارقىلىق شۇنىڭغا ھېچ شەك قالمىدىكى، مانا بۇ ھەققە الله ياردەم بېرىدۇ، تاغۇتلارنى بولسا ياردەمسىز قالدۇرىدۇ. الله تعالى جەڭ مەيدانىدىكى مانا بۇ ئىلاھىي تەدبىرنى بايان قىلغاندىن كېيىن <الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئەلۋەتتە ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر>...

دېمەك، الله قا ھەق گۇرۇھى بولسۇن ياكى باتىل گۇرۇھى بولسۇن ھېچقايسىسىنىڭ دېگەن سۆزلىرى مەخپىي ئەمەستۇر شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سۆز ۋە قىلىقلىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان نىيەت ۋە پىلانلىرىدىن ھېچبىر نەرسە الله قا مەخپىي ئەمەستۇر، ئۇ زات تاشقى ھادىسىلەردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش ۋە ئىچكى سىرلارنى بىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئىشلارنى تەدبىر ۋە تەقدىر قىلىدۇ چۈنكى ئۇ <الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئەلۋەتتە ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر>» («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ، قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ: «قَارِبُوا وسَدِّدُوا واعْلَمُوا أَنَّهُ لَنْ يَنْجُوَ أَحَدٌ مِنْكُمْ بِعَمَلِه » قَالُوا: «وَلَا أَنْتَ يَا رَسُولَ اللهِ؟» قَالَ: «وَلَا أَنَا إِلَّا أَنْ يَتَغَمَّدَنِيَ اللهُ بِرَحْمَةٍ مِنْهُ وَ فَضْلٍ» (رواه مسلم).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە (شەرىئەتتە) مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، ئەمەللىرىڭلارنىڭ (شەرىئەتكە مۇۋاپىق بولۇشىغا) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە تىرىشىڭلار ۋە بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ھېچقايسىڭلار قىلغان ئەمەللىرىنىڭ بەدىلىگە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ». ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ، سەنمۇ شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەئە، مەنمۇ شۇنداق لېكىن الله مېنى ئۆز رەھمىتى ۋە پەزلى بىلەن جەننەتكە ئېرىشتۈرىدۇ» دېدى (مۇسلىم 2816- ھەدىس).

### ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، تاقەت يەتمىگەندە پەرز ساقىت بولىدۇ.

ئىككىنچى، تائەت-ئىبادەتلەرنى تەلتۆكۈس توغرا قىلىش ۋاجىب، ئەگەر تەلتۆكۈس توغرا قىلالمىغاندا ئۇ ئىبادەتنى تولۇق تەرك ئەتمەستىن توغرىغا ئەڭ يېقىن رەۋىشتە ئادا قىلىشقا تىرىشىش ۋاجىبتۇر. مەسىلەن، «جىھادتا خاتا ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالىدىكەنمىز» دەپ پەرز جىھادنى تەرك ئېتىش ھارامدۇر.

ئۈچىنچى، كىشى ھەر قانچە ئەمەل قىلسىمۇ، بۇ ئەمەللەر جەننەتكە كىرىشكە

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

تۆلىنىدىغان بەدەل بولالمايدۇ چۈنكى الله نىڭ جەننىتى بىباھادۇر شۇڭا ئەمەل جەننەتكە كىرىشنىڭ بەدىلى بولماستىن بەلكى جەننەتكە كىرىشنىڭ ئىككى سەۋەبىنىڭ بىرىدۇر. بىرىنچى سەۋەب — ئەمەل؛ ئىككىنچى سەۋەب — الله نىڭ رەھمەت-پەزلىدۇر. ئەگەر مۇشۇ ئىككى سەۋەب تولۇق تېپىلمىسا ھېچكىم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

تۆتىنچى، ئىنسان ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن مەغرۇرلانماسلىقى كېرەك. ئىنساننىڭ ياخشى ئەمەللىرى ھەر قانچە كاتتا بولسىمۇ الله نىڭ شۇ ئىنسان ئۈستىدىكى ھەققىگە نىسبەتەن يەنىلا ئاز ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچى، ئىنسان دائىم الله نى كۆپ زىكىر قىلىپ، الله تىن: «ئى الله! مېنى ئۆز رەھمىتىڭ ۋە پەزلىڭگە چۆمدۈرگىن» دەپ ھەر دائىم تىلەپ تۇرۇشى لازىم چۈنكى الله نىڭ رەھمىتى بولمىسا ئىدى ئىنسان الله نى رازى قىلىدىغان ئەمەلگە ھەرگىزمۇ ئېرىشەلمىگەن بولاتتى.

ئالتىنچى، ساھابىلەرنىڭ ئىلىم ئېلىشقا ئىنتايىن قىزغىن ئىكەنلىكى چۈنكى ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن مۇجمەل مەسىلىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىشنى سورايتتى شۇڭا بىز مۇسۇلمانلار بولۇپمۇ مۇجاھىدلار ساھابىلەرنىڭ بۇ سۈننىتىدىن غاپىل قالماسلىقىمىز كېرەك.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## بەنى قەينۇقا غازىتىنىڭ بىۋاستە سەۋەبلىرى

مۇسۇلمانلار بەدردە غەلىبە قىلغاندا ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ يەھۇدىيلارغا ھېلىقى ئاگاھلاندۇرۇش سۆزلىرىنى قىلغاندا، بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى ئۆزلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىمنى بۇزۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، مۇسۇلمانلار بىلەن تۇتۇشۇپ بېقىش پۇرسىتىنى كۈتۈشتى. ئەرەبلەردىن بولغان بىر ئايالنىڭ ئۇلارنىڭ يېنىغا سودا قىلغىلى كېلىشى بىلەن ئۇلار كۈتكەن رەزىل سۇيىقەست پۇرسىتى ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئايال بىر تۈرلۈك مال-مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ كېلىپ بەنى قەينۇقا بازىرىدا ساتقاندىن كېيىن بىر يەھۇدىي زەرگەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، دۇكاندىكى يەھۇدىيلار بۇ ئايالنىڭ يۈزىنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇشىدى، ئايال ئۇلارغا قارشى تۇردى. ئاندىن ھېلىقى يەھۇدىي زەرگەر (ئۇ ئايالنىڭ بىخۇد ئولتۇرغان ھالىتىدىن پايدىلىنىپ) ئۇ ئايالنىڭ كۆينىكىنىڭ پېشىنى دۈمبىسىگە چىگىپ قويىدى. ئايال ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، ئۇنىڭ ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالدى-دە، ھەممىسى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى. ئايال بۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۈنلۈك توۋلاپ دات-پەرياد ئېيتقاندىن كېيىن مۇسۇلمانلاردىن بىر ئەر زەرگەرگە ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، يەھۇدىيلار مۇسۇلمانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن ھېلىقى مۇسۇلماننىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمۇ يەھۇدىيلارغا قارشى مۇسۇلمانلاردىن ياردەم سوراپ ۋارقىراشتى. نەتىجىدە، بۇ ئىشقا قاتتىق غەزەپلەنگەن مۇسۇلمانلار بىلەن بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى ئارىسىدا ئۇرۇش يۈز بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن تەشكىللەنگەن بىر قوشۇننى ئېلىپ ئۇلار تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. مانا بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 2- يىلى شەۋۋالنىڭ 15- كۈنى (شەنبە) ئىدى. ئۇ كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن كىشى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رضي الله عنه بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە ئەبۇ لۇبابە بەشىر ئىبنى ئابدۇلمۇنزىر ئەمرىي رضي الله عنه نى ئورۇنباسار قىلىپ قويىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەھۇدىيلار تەرەپكە ماڭغاندا ئۇلار بىلەن بولغان كېلىشىم ئەھدىسىنى بىكار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى چۈنكى الله تعالى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سەن (مۇئاھىدە تۈزگەن) قەۋمدىن خىيانەت (ئالامەتلىرىنى) سەزسەڭ، مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن (يەنى سەن بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن قەۋمدىن خىيانەت شەپىسى كۆرۈلسە، ئۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماستىن، مۇئاھىدىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن). الله ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ» (سۈرە ئەنفال 58- ئايەت).

### بۇ ۋەقەلىكلەردىن ئېلىنىدىغان پايدا ۋە ئىبرەتلەر

بىرىنچى، مەيلى ئىلگىرىكى يەھۇدىيلار بولسۇن ياكى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئاتالمىش «كۈچلۈك دۆلەتلەر»نى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتقان ھازىرقى زاماندىكى يەھۇدىيلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ھەرقانداق مىللەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ياكى ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇشىغا ھەرگىزمۇ چىدىمايدىغانلىقى ۋە مۇتلەق قارشى تۇرىدىغانلىقى...

ئىككىنچى، خۇددى شەيخ مۇنىر غەزبان ئېيتقاندەك: «چوڭ-كىچىك بارلىق مۇسۇلمانلار <پەقەت زىئونىزمچى يەھۇدىيلار (يەنى سىيونىيلار دەپ ئاتىلىدىغان يەھۇدىي قىساسچىلىرى) بىزگە زىيانلىق لېكىن باشقا يەھۇدىيلارنىڭ بىزگە زىيىنى يوق> دەيدىغان ھاماقەتلەرچە تەربىيىنى كاللىسىدىن يۇيۇپ چىقىرىۋېتىش كېرەك. ئەمەلىيەتتە، يەھۇدىيلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان ئۆچ-ئاداۋىتى دەرىجە جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلەنسىمۇ لېكىن ئۆچ-ئاداۋەت دېگەن سۈپەتتە ھەممىسى ئوخشاشتۇر». تولىمۇ ئەپسۇس، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار جۈملىدىن تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى بىر قىسىم غەربچە مۇسۇلمانچىلىق ياكى تۈركىيىچە مۇسۇلمانچىلىقلارغا ئوخشىغان ئەبجەش مۇسۇلمانچىلىقتىن تەسىرلەنگەن ۋە شەرئىي ئىلىمدا چالا يېتىلىپ دوكتۇر، ماگىستىر بولۇپ قالغان بىر قىسىم قەلەمكەشلەرنىڭ يەھۇدىيلارنى، يەھۇدىيلارنىڭ بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى (مەسىلەن، «بالام، ئورنۇڭدىن تۇر! سەن ئوقۇپ كەلگۈسىدە داڭلىق ئالىم بولمىساڭ بولمايدۇ» دېگەنگە ئوخشىغان رىياخورلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك، مەرتىۋەپەرەسلىك قاتارلىق مۇناپىقلىق ۋە سەمىمىيەتسىزلىك تەربىيىسىنى سىڭدۈرۈش ئۇسۇلى)نى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتلىرىنى چوڭ بىلىدىغان روھىي مەغلۇبىيەتچىلىك (يەنى مەنىۋى قۇللۇق) كە مۇپتىلا بولماقتا...

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پەيغەمبەر تىبابىتى
## بىلىۋېلىڭ-ئىلىۋېلىڭ

### چىلان (نَبْقٌ)

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئەلەيھىسسالام زېمىنغا چۈشۈپ تۇنجى يېگەن مېۋىسى ياۋا چىلان ئىدى».

سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مىراجغا چىققاندا سىدرەتۇل مۇنتەھانى كۆردى. ئۇنىڭ چىلانلىرى ھەزەر (مەدىنىگە يېقىن بىر قىشلاق)نىڭ باراڭ تۇۋرۇكلىرىدەك تۇراتتى («بۇخارى» 3207- ھەدىس).

چىلان سىدىر دەرىخىنىڭ مېۋىسىدۇر. ئۇ — تەبىئەتنى تۇتىدۇ، يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ، ئاشقازاننى تازىلايدۇ، سەپرانى توختىتىدۇ، بەدەنگە ئوزۇقلۇق بولىدۇ، تاماققا تەم كىرگۈزىدۇ، بەلغەم پەيدا قىلىدۇ، سەپرادىن بولغان ساقايماس كېسەللىككە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەزىم قىلىنىشى ئاستا، ئۇنىڭ تالقىنى ئىچكى ئەزالارنى كۈچلەندۈرىدۇ، ئۇ — سەپرا مىجەزلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۇنىڭ زىيىنى پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن ھەسەل بىلەن قايتۇرۇلىدۇ.

ئۇ ھۆلمۇ ياكى قۇرۇقمۇ؟ بۇ ھەقتە ئىككى خىل قاراش بار. توغرىسى — ھۆلى سوغۇق ھۆل، قۇرۇقى قۇرۇق سوغۇق.




# قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

## 7 ـ پەسىل: خاۋارىجلارنىڭ ئىسيانلىرى

### مۇقەددىمە

بىز ئىلگىرىكى بايانلىرىمىزدا خاۋارىجلارنىڭ دۆلەت ۋە نوپۇزغا ئىگە بولغان ھالەتلىرىگە ئىشارە قىلىپ ئۆتتۇق. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ئىسيانلىرىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئىنتايىن قوپال ۋە زەنجىرسىمان تۈس ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ھالەت مۇھەككىمە خاۋارىجلىرىنىڭ ئىمام ئەلى رضي الله عنه غا قارشى چىقىشىدىن باشلىنىپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇ مۇھەككىمەلەرنىڭ ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه غا پارچە-پارچە ھەربىي جامائەتلەر شەكلىدە قارشى چىقىشىدا ئىپادىلەندى. كېيىن ھىجرىيىنىڭ 64- يىلى نافىي ئىبنى ئەزرەق مەيدانغا چىقىپ، خاۋارىجلار چوڭ پىرقىلەر سۈپىتىدە ئاشكارا بولدى ۋە تاكى ئابباسىيلار دەۋرىگىچە سوزۇلدى. خاۋارىجلار بۇ جەرياندا ھېچ تىنجىمىدى ۋە باش ئەگمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سان ۋە قورال-لىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان تىلىدىكى «ئۆكتىچىلەر گۇرۇھى»غا ۋەكىللىك قىلىپ كەلدى. مانا بۇ ھەرىكەتلەر تارىخ ۋە پىرقىشۇناسلىق قامۇسلىرىدا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ھەقىقەتەن خاۋارىجلار نەھرىۋان جېڭىدىن بۇيان ئىسلامىي خىلاپەتكە قارشى قوزغالغان ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلەرنىڭ يادروسى (يەنى ئۇرۇقى) بولۇپ كەلدى. بۇ ھادىسە ئىمام ئەلى رضي الله عنه نىڭ دەۋرىدىن باشلىنىپ، ئۇمەييە خەلىپىلىكى ئاندىن ئابباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىگىچە سوزۇلۇپ، تۈرلۈك ئەقىدىۋىي پىرقىلەرنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن يادرولۇق رولىنى ئوينىدى.

ئەينى چاغدا بىر تۈركۈم خاۋارىجلار ئەلى رضي الله عنه دىن ئامانلىق تىلىگەن بولۇپ، ئەلى رضي الله عنه ئۇلارغا ئامانلىق بەردى. بۇلار بىلەن قوشۇلۇپ ئادىل سوتقا تارتىلىشتىن قاچقانلار، باشلىق بولۇشنى ئويلايدىغانلار ۋە قىساس ئېلىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار بىرلىكتە ئىمام ئەلى رضي الله عنه غا ۋە ئۇمەييە ھۆكۈمىتىگە، ئاندىن كېيىن ئاببasىيلار ھۆكۈمىتىگە قارشى چىقىش ھەرىكەتلىرىنى تەشكىللىدى.

خاۋارىجلارنىڭ تارىخى خاۋارىجلارنىڭ سەلەف ئەجداتلىرىدىن تارتىپ خەلەف ۋارىسلىرىغا قەدەر ئۈزۈلمەي سوزۇلغان تارىختۇر.

### بىرىنچى تېما: خاۋارىجلارنىڭ خەلىپە ئەلى رضي الله عنه غا نەھرىۋان ۋەقەسىدىن كېيىنكى قارشى چىقىش ھەرىكەتلىرى

ئىسلام زېمىنىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان بۇ خاۋارىجلار ئىمام ئەلى رضي الله عنه غا قارشى چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئىككى گۇرۇھ ئارىسىدا نۇرغۇن قېتىم كىچىك-كىچىك جەڭلەر يۈز بەرگەن بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىمام ئەلى رضي الله عنه بۇ خاۋارىجلارنى پۈتۈنلەي تارمار قىلدى (يەنى كۆچىنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى). ئەشرەس ئىبنى ئەۋف شەيبانى دېگەن خاۋارىج دەل شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، دەسكەرە دېگەن جايدا 200 كىشىلىك قوشۇن بىلەن جەڭگە چىقتى. ئۇ ئەنبار دېگەن جايغا كەلگەندە ئۇنىڭغا ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه ئەبرەش ئىبنى ھەسسان باشچىلىقىدا 300 كىشىلىك قوشۇننى يولغا سالدى. ئۇلار ئۇچراشقاندا خاۋارىجلار مەغلۇپ بولۇپ، ئەشرەس ھىجرىيە 38- يىلى (ئەبۇلھەسەن ئەشئەرىنىڭ قارىشىچە) رەبىئۇلئەۋۋەل ياكى (ئىبنى ئەسىرنىڭ قارىشىچە) رەبىئۇلئاخىر ئېيىدا ئەنبار دېگەن جايدا ئۆلتۈرۈلدى («الكامل» 3- توم 372- بەتتىن ئېلىندى).

ھىلال ئىبنى ئەلەفە 200 دىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن ماسەبزان دېگەن جايدا ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه غا قارشى چىققان بولۇپ، ئۇلارغا ئەلى رضي الله عنه مەئقەل ئىبنى قەيس رىياھىنىڭ قوشۇنىنى ئەۋەتتى. بۇلار ئۇچراشقاندا خاۋارىجلار مەغلۇپ بولۇپ، ھىجرىيە 38- يىلىنىڭ جۇمەدىيەلئەۋۋەل ئېيىدا قىرىۋېتىلدى. ئاندىن ئەشھەب ئىبنى بەشەر ياكى ئەشئەس بەجلى 180 كىشىلىك قوشۇن بىلەن ھىلال ئىبنى ئەلەفە ئۆلتۈرۈلگەن جەڭ ئورنىغا بېرىپ شۇ يەردە ئۇلارنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇدى ۋە ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىدىن قادىر بولالىغانلىرىنى دەپنە قىلدى. ئاندىن ئۇ جوخا زېمىنىغا تەۋە جەرجارايا دېگەن جايدا تۇرۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئەلى رضي الله عنه ئۇنىڭغا قارشى جارىيە ئىبنى قۇدامە ياكى ھەجەر ئىبنى ئەدى باشچىلىقىدا بىر قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 38- يىلى جۇمەدىيەلئاخىر ئېيى بولۇپ، ئەشھەب ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئاندىن كېيىن سەئىد ياكى سەئىد ئىبنى قەفەل تەيمى رەجەب ئېيىدا 200 نەپەر خاۋارىج بىلەن بەندىنىجىن دېگەن يۇرتقا چىقىپ ئاندىن كېيىن مەدائىندىن ئىككى فەرسەخ (يەنى تەخمىنەن ئون بىر كىلومېتىر) يىراقلىقتىكى دەرزىۋەنجان دېگەن يۇرتقا كەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئەلى رضي الله عنه ئۇلارغا قارشى قوشۇن باشلاپ چىقىش توغرىلىق مەدائىنغا قويغان ۋالىسى سەئىد ئىبنى مەسئۇد سەقەفىيگە خەت يازدى، شۇنىڭ بىلەن سەئىد ھىجرىيە 38- يىلى رەجەب ئېيىدا ئۇلارنى قىرىپ تاشلىدى.

ئاخىرىدا ئەلى رضي الله عنه غا خاۋارىجلار

(ئاخىرى 3- بەتتە)

(بېشى 2- بەتتە)

ئىچىدىكى ئەڭ ۋەھشىي بىرسى قارشى چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنى مەخسۇس ئازاتگەردىلەردىن تەركىب تاپقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشلىقتىن باشقا ئەرەب يوق ئىدى. بۇ خاۋارىجنىڭ ئىسمى ئەبۇ مەريەم سەئدى بولۇپ، ئۇ 200 ياكى 400 كىشىلىك قوشۇن بىلەن شەھرىزور دېگەن جايدا توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۇ باتۇرلۇقىدىن كۇفىگە ئىككى فەرسەخ ياكى بەش فەرسەخ يېقىنلاشقان بولۇپ، ئەلى رضي الله عنه ئۇنىڭغا ئىتائەتكە قايتىپ كېلىش ۋە كۇفىگە كېلىشنى تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ ئەلى رضي الله عنه غا: «سەن بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇرۇشتىن باشقا يول يوق» دەپ جاۋاب بەردى. ئەلى رضي الله عنه ئۇنىڭغا قارشى شۇرەيھ ئىبنى ھانى باشچىلىقىدا 700 كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن خاۋارىجلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ شۇرەيھ باشچىلىقىدىكى 200 كىشىدىن باشقا ھەممىسى قېچىپ كەتتى شۇڭا ئەلى رضي الله عنه ئۇلارغا قارشى ئۆزى بىۋاستە جەڭگە چىقىشنى توغرا تاپتى. ئۇ يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن جارىيە ئىبنى قۇدامە سەئدىنى مەخسۇس شۇ خاۋارىجلارنى ئاسىيلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئەلى رضي الله عنه ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپ ئۇلارنى ئىتائەتكە ۋە جامائەتكە (يەنى ئىسلامىي دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە) قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇلار بۇ چاقىرىقتىن باش تارتقاندىن كېيىن ئەلى رضي الله عنه ئۆزىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەلى رضي الله عنه دىن ئامانلىق تىلەپ تۇرۇۋالغان 50 كىشىدىن باشقا ھەممىسىنى قىرىۋەتتى. بۇ ئىش ھىجرىيە 38- يىلى رامىزان ئېيىدا بولدى.

### ئىككىنچى تېما: خاۋارىجلارنىڭ ئۇمەييە ھۆكۈمىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىسيانلىرى

خاۋارىجلار خەلىپە ئەلى رضي الله عنه دىن كېيىن ئۇمەييەلەر ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئارقىمۇئارقا مەيدانغا چىقىۋەردى. ھاكىمىيەت مۇئاۋىيە رضي الله عنه نىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن ۋە مۇئاۋىيە رضي الله عنه نىڭ قولى بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ بىرلىكى مەيدانغا كەلگەن بىر پەيتتە، خاۋارىجلارنىڭ ئۆچكەن چوغلىرى قايتىدىن يېلىنجاپ مۇئاۋىيە رضي الله عنه باشچىلىقىدىكى ئۇمەييە جەمەتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىكرى خاۋارىجلارنىڭ زېھنىدا مۇستەھكەم ئورنىدى ۋە پۇرسەت كەلسىلا توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇيۇشۇشقا ۋە تەشكىللىنىشكە قاراپ ماڭدى چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇئاۋىيە رضي الله عنه بولسا «ھاكىمىيەتنى بۇلىۋالغۇچى» ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ھېچ شۈبھى بولمىغان بىر ئىش بولۇپلا قالماستىن بەلكى ھەزرىتى ئەلى رضي الله عنه غا ئۇرۇش ئېچىشنىڭ ئەكسىچە مۇئاۋىيە رضي الله عنه غا قارشى ئۇرۇش ئېچىش ــ الله قا يېقىنلاشتۇرغۇچى ئەمەللەردىن ئىدى. ئۇلار ئەلى رضي الله عنه بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا ئىككىلىنىپ قالغان بىلەن مۇئاۋىيە رضي الله عنه غا قارشى ئۇرۇش قىلىشتا قىلچە ئىككىلەنمىگەن ئىدى. بۇلار كۆپىنچە ھالدا ئۆزلىرىنى يوشۇرۇپ ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق ئىسلامىي دۆلەتنىڭ بېقىنىشىغا سانجىلىدىغان تىكەنگە ئايلانغان ئىدى چۈنكى بۇلار ئىسلامىي دۆلەتنى ئۇزۇن مۇددەت ئاۋارە قىلدى. بۇ خاۋارىجلارنىڭ ئەڭ تۇنجىسى فەرۋە ئىبنى نەۋفەل ئەشجائى بولۇپ، ئۇ ئەلى رضي الله عنه غا ئۇرۇش ئېچىشتىن ئۆزىنى تارتىپ: «الله بىلەن قەسەم، بىز نېمە ئۈچۈن ئەلى بىلەن ئۇرۇشقۇدەكمىز؟! بۇ ئىش ئايدىڭ بولمىغۇچە مەن ئۇرۇشتىن چېكىنىمەن» دېگەن ھالدا 500 كىشىلىك قوشۇن بىلەن شەھرىزور دېگەن جايغا پاناھلىنىش ئۈچۈن كېتىپ قالغان ئىدى ئەمما ئۇنىڭ مۇئاۋىيە رضي الله عنه غا بولغان پوزىتسىيىسى ــ ئۇنىڭ: «مانا ئەمدى شەك-شۈبھىسىز ھەقىقەت مەيدانغا كەلدى شۇڭا مۇئاۋىيە تەرەپكە ئاتلىنىپ ئۇنىڭغا قارشى جىھاد قىلىڭلار» دېگەن سۆزىدە ئېنىق گەۋدىلىنىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




# ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ۋاخىلار بېقىش ھەققىنى بولسا قىرغىزلار ئىشلىتىدىغان سۇتلەر، ۋاخىلاردا بار بولغان ئەمما قىرغىزلاردا بولمىغان دانلىق زىرائەتلەر ئارقىلىق تۆلەيدۇ. بۇ سودىدىن ھەر ئىككى تەرەپ مەنپەئەتلىنىدۇ. ۋاخىلار تاغقا چىققاندا پايدىلىنىدىغان ئاقئۆيلەرنى قىرغىزلار ياساپ بېرىدۇ.

ئاقئۆيلەر ياز پەسلىدە ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق يۆتكىلىدۇ. باشقا ۋاخىلارنىڭ تۇرالغۇلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇستەھكەملىك بولۇپ، بۇلار تاشلاردىن ياسالغان ئۆيلەر، يىلتىز ۋە كۆتەكلەردىن ياسالغان قوتانلاردىن ئىبارەت.

بۇ يەرنىڭ ئەڭ مۇھىم مەھسۇلاتى قۇرۇت دەپ ئاتىلىدىغان قۇرۇتۇلغان قېتىقتۇر. بۇ ــ كالا، قوتاز، ئۆچكە ۋە قوينىڭ سۈتىدىن پايدىلىنىپ ياسىلىدۇ. بۇلار سېتىلىشى مۇمكىن ئەمما ئاساسەن قىش پەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئاساسەن ھەممە چارۋىچىلىق ئورۇنلىرىنىڭ مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆيلىرى ۋە چېدىرلىرى بار بولۇپ، ئۇلار سىرتتىن كەلگەن زىيارەتچىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

قىرغىزلار تۈرك قان سىستېمىسىدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھازىرمۇ قىرغىز تىلىدا سۆزلەيدۇ، بۇ تىل غەربىي شىمال تۈرك تىلى سىستېمىسىنىڭ قىپچاق گۇرۇپپىسىغا تەۋە. كۆپلىگەن قىرغىزلار ۋاخىچە سۆزلىيەلەيدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالتاي تاغلىرى ۋە موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي چېگرا بويلىرى قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى يۇرتلىرى بولۇپ، ھەر يىلى يازدا توپ-توپ قىرغىزلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۆۋەنكى جىلغىلىرىدىن ئافغانىستان پامىر بويلىرىغا كۆچۈپ تۇراتتى بىراق 1917- يىلىدىكى رۇسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن مىڭلىغان قىرغىزلار چوڭ-كىچىك پامىر رايونلىرىدا مەڭگۈلۈك



*پامىردىكى يۇمىلاق ئۆگزىلىك چېدىر ئۆيلەر*

ئولتۇراقلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ يىراق-يىراقلارغا كۆچۈشى ئافغانىستان پامىر رايونلىرىدىكى ئېگىز تاغلىقلاردا پەسىللىك ۋە قىسقا مۇساپىلىك كۆچۈشكە ئايلىنىپ قالدى.

ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ ئورۇنلىرى ئاساسەن دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن 4500 مېتىرغىچە بولغان ئېگىزلىكلەرگە جايلاشقان.

گەرچە ئۇلارنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئۆرپ-ئادەتلىرى، يەنى شامان دىنىدىن قالغان قائىدە-يوسۇنلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار ئاساسەن سۈننى مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلاردۇر. ئۇلار ئافغانىستاندا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئافغانىستاننىڭ پامىر رايونلىرىدا ياشايدىغان قىرغىزلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاغ تۈركمەنلىرى، قىرغىزلار، قازاقلار، موغۇل ۋە باشقىلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ماس ھالەتتىكى ئۈستى تەرىپى يۇمىلاق شەكىلدىكى كىگىز ئۆيلەردىن ئىبارەت.

ئۇلار ئافغانىستاننىڭ چوڭ-كىچىك پامىر رايونلىرىدا كالا، قوي ۋە ئۆچكە پادىلىرى، ئاتلار ۋە ئۆردەكلەر، باكتىرىيەن تۆگىلىرى بىلەن بىرگە ياشايدۇ.

قىرغىزلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدە بولغاندىن باشقا يەنە كۆپلىگەن قىرغىز خەلقى ئافغانىستان، تاجىكىستاننىڭ پامىر رايونى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق رايونلاردا ياشايدۇ. سوۋېتنىڭ تەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى قىرغىزلارنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئوقۇمۇشلۇق قىرغىزلار بولۇپ، ئاز ساندىكىلىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھازىر قىرغىزلارنىڭ كۆپ قىسمى شەھەرلىشىپ بولدى. شەرقىي تۈركىستان رايونىدا بىر تۈركۈم قىرغىزلار بولۇپ، مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۇلار ھازىرمۇ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئوخشىمىغان مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىككى پامىر ئەتراپىدا تەخمىنەن 210 دىن 240 قىچە قىرغىز ئائىلىسى ياشايدۇ. چوڭ پامىر رايونىدىكى تەخمىنەن 140 ئەتراپىدىكى قىرغىز خەلقى ئېغىر نامراتچىلىق ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ كابۇل بىلەن بولغان ئالاقىدىكى ۋەكىلى ۋەلىخان بولۇپ، ئۇ چوڭ پامىردا ياشايدۇ. تەخمىنەن 100 گە يېقىن قىرغىز ئائىلىسى كىچىك پامىردا ياشايدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا، ئىككى گۇرۇپپىدا تەخمىنەن 1400 دىن 1600 غىچە كىشىلەر بار. كىچىك پامىردىكى قىرغىزلار مال-چارۋىلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن ناھايىتى باياشات بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەھبىرى ئەپەندىبەينىڭ شەخسى مال-چارۋىسى 10 مىڭ تۇياقتىن ئاشىدۇ.

ئۇلار پادىچىلار گۇرۇپپىسىدىكى تارقاق ئائىلىسىدە ياشايدۇ. پەسىل، ئوتلاق ۋە ھاۋا شارائىتىغا قاراپ كۆچۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ناھايىتى نەسىللىك بولۇپ، ئۇلار بۇ ئاتلارغا ۋاخى قوشنىلىرىدىن ئېرىشكەن. گەرچە ئۇلار ئات گۆشلىرىنى يېسىمۇ قىرغىزىستاندىكىگە ئوخشاش سۈتىدىن پايدىلىنىپ قىمىز ياساش ئۈچۈن بايتاللار پادىسىنى مەخسۇس باقمايدۇ.

چوڭ پامىردىكى قىرغىزلار ئېلغۇنوق (Elghunoq) جىلغىسىنىڭ شەرقىدىن زور كۆلىگىچە بولغان رايونلاردا ياشايدۇ، ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدە قىرغىزلار ياشىمايدۇ. كىچىك پامىردا قىرغىزلارنىڭ چارۋىچىلىق




ئورۇنلىرى ئاقجۇلغا (Ak Julga) دېگەن يەردىن باشلىنىدۇ. ئاقجۇلغىدىن شەرققە قاراپ شەرقىي تۈركىستان ۋە تاجىكىستاننىڭ چېگرا بويلىرىغىچە قىرغىزلار ياشايدۇ. قىرغىزلارنىڭ 15 قەبىلىسى بار، بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ پادىچىلىق تۇرمۇشىغا ئاساسەن ئايرىلغان قەبىلىلەر بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ناملىرى ــ شاھىن، بۇغا، نورۇز، قىپچاق، ئالاپا، ئوتۇنچى، تېكران، قېزىق، قوچقار، قىزىلباش، دۇربۇ، غەدەرشاھ، نەيما، قىزىلئاياق، قوتانلاردىن ئىبارەت. بۇ ئىسىملار خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن ئىسىملىرى بولۇپ، رەسمى ئىسىملىرى بولماسلىقى مۇمكىن.

چوڭ پامىردىكى قىرغىزلار ئاساسى ۋاخان رايونلىرىدا سودا قىلىدۇ. ئۇلار تاجىكىستان تەرەپلەرگە ئۆتەلمەيدۇ. كىچىك پامىردىكى قىرغىزلار ئاساسەن پاكىستاندىكى گىلگىتتا سودا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز قىسمىدىكى كىشىلەر يۇلى ئۆتۈشمىسى (Yuli Pass)دىن شەرقىي تۈركىستاندىكى تاشقورغانغا كىرىپ ئۇ يەردە تىجارەت قىلالايدۇ.

كارىدورنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە سوزۇلۇپ كىرىپ كەتكەن ۋاغجىر ئۆتۈشمىسىدىن، شىمال تەرەپتە تاغدۇمباشتىن شەرقىي تۈركىستانغا ئۆتۈشكە بولىدۇ.

ئافغانىستان بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي چېگرىسى 47 مىل (بىر مىل تەخمىنەن 1.6 كىلومېتىرغا تەڭ) ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، بۇ چېگرا ۋاخان كارىدورىغا جايلاشقان. كىچىك ۋە چەت بولۇشىغا قارىماي بۇ چېگرا شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي ماللىرىنى ۋە خىتاي كۆچمەنلىرىنى ئۆتكۈزىدىغان خىتايلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇندۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىن باشلىنىدىغان ۋە شەرقىي تۈركىستان چېگراسىنىڭ ئىچىگە بىر قانچە مىل كىرىپ كېتىدىغان، ئافغانىستان چېگراسى ئىچىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50 مىل بولغان بىر تاشيول ياساش، چېگرا مۇداپىئەسى ئۈچۈن ھەربىي ئىسكىلات قۇرۇش ۋە چېگرا رايونىنىڭ ئالاقە ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۇچۇر-ئالاقە مەركىزى قۇرۇش ھەققىدىكى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى 6- ئاينىڭ 25- كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 24- كۈنىگىچە جەمئىي 642 قېتىم جىھادىي ئەمەلىيەت ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 32 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرى ئۆلگەن، 2 نەپىرى يارىلانغان؛ مۇرتەد ئارمىيىدىن 1294 نەپىرى ئۆلۈپ، 742 نەپىرى يارىلانغان؛ 272 دانە ماشىنا ۋە باشقا ئەسكىرىي ئۈسكۈنىلەر ۋەيران بولغان.

■8-ئاينىڭ19-كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ بەلىخ ۋىلايىتى جەمەل رايونىدا 2 مۇھىم بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى، بىر ساقچى مەركىزى ۋە بۇ رايونغا قاراشلىق 9 يېزىنى فەتىھ قىلغان.

جەڭ جەريانىدا 12 نەپەر مۇرتەد ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 8- ئاينىڭ 20- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ جوۋزىجان ۋىلايىتى خامئاب رايونىدا ئۇ رايوننىڭ مەركىزىنى ۋە 17 دانە يېزىسىنى فەتىھ قىلىپ بۇ رايوننىڭ بارلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنى قولغا ئالغان. جەڭ جەريانىدا كۆپلىگەن مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان، كۆپلىگەن مىقداردا قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت ئېلىنغان.

■ 8- ئاينىڭ 22- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتى ناۋا رايونىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ 4 ئىستىخبارات مەركىزىنى فەتىھ قىلغان. مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 27 نەپىرىنى ئۆلتۈرۈپ، 8 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان. 4 دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنا ۋە بىر دانە تانكىنى ۋەيران قىلغان.

■ 8- ئاينىڭ 22- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى شىبىلى سەفلا ۋىلايىتىنىڭ قىربولى شەھىرى بېرىرى يېزىسىغا جايلاشقان ئامېرىكا ۋە ئافرىقا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي بازىسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. جەڭ جەريانىدا ئون نەچچە نەپەر ئەسكەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان ھەمدە نۇرغۇن ئەسكىرىي ئەسلىھەلەر ۋەيران بولغان.

■ 8- ئاينىڭ 24- كۈنى جامائىتىمىزنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ خىتاي ئىستىخباراتىغا جاسۇسلۇق قىلغان بىر مۇناپىق شەرئىي مەھكىمە تەرىپىدىن مۇرتەد دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىپ ئېتىپ ئىجرا قىلىندى.

■ 8- ئاينىڭ 24- كۈنى مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز ھاما ۋىلايىتىنىڭ سىقەلبىيە شەھىرىدىكى كاپىركۈچلىرى ئورۇنلاشقان ئورۇنلارغا مەخپىي سوقۇنۇپ كىرىپ ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ چوڭ بىر ئوق-دورا ئىسكىلاتىنى پارتلاتقان.

■ 8- ئاينىڭ 25- كۈنى يەمەن دېڭىز تەۋەلىكىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر دانە تىككۇچار ئايروپىلانى چۈشۈپ كەتكەن، نەتىجىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ بىر نەپەر ئالاھىدە قىسىم ئەسكىرى يوقاپ كەتكەن.

■ 8- ئاينىڭ 25- كۈنى تېكساس شتاتىنىڭ جەنۇبى رايونلىرىدا قارا بوران ئاپىتى يۈز بەردى. نۆۋەتتىكى بۇ ئاپەت بولسا 2005- يىلدىن بۇيانقى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن ئەڭ ئېغىر ئاپەت ھېسابلىنىدىكەن. بۇ قېتىمقى ئاپەتتە 30 نەپەر ئادەم ئۆلگەن ۋە ئامېرىكىغا 40 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغىچە ئىقتىسادىي زىيان ئېلىپ كەلگەن.

■ 8- ئاينىڭ 26- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تەلئىيلەت رايونىدىكى بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ نۇقتىسىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئەسەد ئارمىيىسىدىن 10 دىن ئارتۇقنى ئۆلتۈرۈپ قورال-ياراقلىرىنى غەنىيمەت ئالغان ۋە ئەسكەرلەر تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنى پارتلىتىپ ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■8-ئاينىڭ27-كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھېلمەند ۋىلايىتىنىڭ ناۋا رايونىدا كاپىرلار توپلاشقان ئورۇنلارغا قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 58 نى ئۆلتۈرۈپ 18 نى يارىلاندۇرغان، 3 دانە تانكىسىنى ۋەيران قىلغان.

■ 8- ئاينىڭ 28- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى كېنىيىنىڭ دەمسى رايونىدا كېنىيە ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ 5 دانە ئوق ئۆتمەس ئەسكىرىي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان ۋە دەمسى رايونىنىڭ مەسئۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 10 دىن ئارتۇق كېنىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 8- ئاينىڭ 28- كۈنى كەچتە ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ قەندەھار ۋىلايىتىنىڭ مىۋاند رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 3 دانە ئەسكىرىي بازىسىغا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە قېرىنداشلىرىمىز بۇ 3 ئەسكىرىي بازىنى فەتىھ قىلغان. مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 30 دىن ئارتۇقنى ئۆلتۈرۈپ، 3 دانە ئوق ئۆتمەس ئەسكىرىي ماشىنىنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 8- ئاينىڭ 28- كۈنى كەچ سائەت 10 دا ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ پەرۋان ۋىلايىتى بەگرام ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا توپ قورال ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بەگرام ھاۋا ئارمىيە بازىسى ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ چوڭ ئەسكىرىي بازىلىرى قاتارىدىن ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ قېتىملىق ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا ئارمىيىسى مەلۇم دەرىجىدە زىيانلارغا ئۇچرىغان.

■ 8- ئاينىڭ 29- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى ھۇمۇس ۋىلايىتىنىڭ شىمالى رايونىدا بەششار ئەسەد ئارمىيىسىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئەسەد ئارمىيىسىدىن بىر قانچە نۇقتىلارنى قايتۇرۇۋالغان. جەڭ جەريانىدا ئەسەد ئارمىيىسىدىن 10 دىن ئارتۇقى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان. T-55 تىپلىق تانكا ۋە ئېغىر-يېنىك تىپتىكى قورال-ياراقلار غەنىيمەت ئېلىنغان. قېرىنداشلىرىمىز ئەمەلىيەتتىن كېيىن ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ ئوق-دورا ئىسكىلاتىنى پارتلىتىپ ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 8- ئاينىڭ 29- كۈنى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى كابۇلدا بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، مۇرتەد ئارمىيە قوماندانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 15 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە نۇرغۇنلىرىنى يارىلاندۇرغان.

■ 8- ئاينىڭ 30- كۈنى ئافغانىستاننىڭ لوگار ۋىلايىتى داشتىبېرى رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىغا قارشى قىلغان ھاۋادىن ئەسكەر تاشلاش ئەمەلىيىتىدە، بىر دانە تىككۇچار ئايروپىلانى مۇجاھىدلار تەرىپىدىن ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتىلگەن ۋە 20 گە يېقىن ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| صِفْرٌ | نۆل | نَزَلَتْ دَرَجَةُ الْحَرَارَةِ إِلَى الصِّفْرِ | تېمپېراتۇرا نۆل گرادۇسقا چۈشتى |
| وَاحِدٌ | بىر | إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ | سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر |
| إِثْنَانِ | ئىككى | وَصَلَ إِثْنَانِ مِنَ الْمُتَسَابِقِيْنَ – مۇسابىقىدە ئىككىسى نىشانغا يېتىپ كەلدى | |
| ثَلَاثَةٌ | ئۈچ | عِنْدِي ثَلَاثَةُ دَفَاتِرَ | مەندە ئۈچ دانە دەپتەر بار |
| أَرْبَعَةٌ | تۆت | نَحْنُ أَرْبَعَةُ إِخْوَةٍ | بىز جەمئىي تۆت قېرىنداش |
| خَمْسَةٌ | بەش | أَرْكَانُ الإِسْلَامِ خَمْسَةٌ | ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى بەشتۇر |
| سِتَّةٌ | ئالتە | أَرْكَانُ الْإِيْمَانِ سِتَّةٌ | ئىماننىڭ ئاساسلىرى ئالتىدۇر |
| سَبْعَةٌ | يەتتە | الْأُسْبُوعُ سَبْعَةُ أَيَّامٍ | بىر ھەپتە يەتتە كۈن |
| ثَمَانِيَةٌ | سەككىز | اَبْوَابُ الْجَنَّةِ ثَمَانِيَةٌ | جەننەتنىڭ ئىشىكى سەككىزدۇر |
| تِسْعَةٌ | توققۇز | بَيْنَ بَيْتِي وَ بَيْتِهِ تِسْعَةُ أَمْتَارٍ – ئىككىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى توققۇز مېتىر كېلىدۇ | |
| عَشَرَةٌ | ئون | كُونُوا فَصِيْلًا مِنْ عَشْرَةِ رِجَالٍ – سىلەر ئون ئادەم بىر گۇرۇپ بولۇپ تەشكىللىنىڭلار | |
| مِائَةٌ | يۈز | لِلْمُجَاهِدِيْنَ فِي سَبِيْلِ اللّٰهِ مِائَةُ دَرَجَةٍ فِي الْجَنَّةِ – مۇجاھىد ئۈچۈن جەننەتتە يۈز دەرىجە باردۇر | |




تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

1. ئىككى بالا بار ئىكەن، ئۇلار قوشنىكەن. ئۇلار بىر مەدرىستە، بىر سىنىپتا ئوقۇيدىكەن لېكىن مەدرىسكە ماڭغاندا بىرى ئۆيدىن چىقىپ ئوڭغا، يەنە بىرى سولغا ماڭىدىكەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

2. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىڭ؟

تېنى يەرگە كۆمۈلگەن،
تۇتاشتۇرۇپ بۇلاقىا.
تولغاپ قويسا بېشىنى،
تۇكۇرىدۇ يىراققا.

3. ئاغزىدا يۇزلەپ چىشى،
بىرنى ئىككى قىلماق ئىشى.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. سىزنىڭ ئىسمىڭىز.
2. تاغاق.

# ئائىلىكى رېتسىپلار

## ياڭاق

ياڭاق مېغىزىنىڭ تەركىبىدە 40%-50% گىچە مايلىق ياغ، 15.4% ئاقسىل، 10% كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، كالتسىي، فوسفور، تۆمۈر، كاروتىن، رىبوفلاۋىن قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق.

ئۇ — مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، ھېسسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش، ئىچىنى يۇمشىتىش، ئىششىق تارقىتىش، تېرىنى پارقىرىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

ئۇ — نېرۋا ئاجىزلىق، ئۇنتۇغاقلىق، قەۋزىيەت، يۆتەل، ھەزىم بۇزۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ياڭاقنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ياڭاق مۇرابباسى تەييارلاپ مۇۋاپىق ھالدا ھەسەل بىلەن قوشۇپ يېسە، بەدەننى كۈچلەندۈرىدۇ، ئىچىنى يۇمشىتىدۇ، ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ (إن شَاء الله).

ئىككىنچى، ياڭاق مېغىزىدا يالانچۇق تەييارلاپ ھەر كۈنى ئەتىگەن يالاپ بەرسە، يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ (إن شَاء الله).

ئۈچىنچى، ياڭاقنى ئاچچىقسۇغا چىلاپ يېسە، ئاشقازاننىڭ ئاجىزلىقىنى تۈگىتىدۇ (إن شَاء الله).

تۆتىنچى، ياڭاق مېغىزىنىڭ پوستىنى كۆيدۈرۈپ يېسە بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ (إن شَاء الله).

بەشىنچى، ياڭاقنىڭ يېلىمىنى يىرىڭلىق چاقىلارغا چاپسا ياكى ئىزىپ ئاغرىق چىشقا باسسا ئاغرىق توختىتىدۇ (إن شَاء الله).

ئالتىنچى، ياڭاق پوستىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئېغىزنى چايقىسا، چىشنىڭ تۈۋىدىكى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چىشنى چىڭىتىدۇ (إن شَاء الله).

ياڭاق ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسى ئانار سۈيىدۇر.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته